مۇھەممەتجان راشىدىن

# ۋاي ئىست، ئۈنبەش چۈجەم



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مۇھەممەتجان راشىدىن

# ۋاي ئىسىت، ئونبەش چۈجەم

( ساتىرالار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

可惜,我的15只小鸡/穆罕麦提江·拉石丁著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.8
ISBN 7—5373—1539—6

Ⅰ.可… Ⅱ.穆… Ⅲ.讽刺诗—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第107117号

责任编辑:齐曼古丽·阿吾提
责任校对:坎拜尔古丽·吾斯曼

# 可惜,我的15只小鸡
(讽刺诗集)

编著:穆罕麦提江·拉石丁

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 4.5印张 1插页
2006年8月第1版 2006年8月第1次印刷
印数:1——3080 定价:7.00元

如有质量问题,请与我社联系调换 电话:0998—2653927

مەسئۇل مۇھەررىرى: چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# ۋاي ئىسىت، ئونبەش چۈجەم

(ساتىرالار)

ئاپتورى: مۇھەممەتجان راشىدىن

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 1/32 باسما تاۋىقى: 4.5
قىستۇرما ۋارىقى: 1
2006 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3080

---

ISBN7 — 5373 — 1539—6
باھاسى: 7.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 0998 — 2653927

# مۇندەرىجە


تۇگىمەمدۇ شېئىر ئوغرىسى ........................... 1
بۇلۇڭلارغا بىر نەزەر (چاتمىلار) ........................... 9
ئۆزۈمغۇ بىلەتتىم، ئۇنتۇپ قاپتىمەن ........................... 17
ئىنجىق ........................... 19
سادىغاڭ كېتەي مۇكاپات ........................... 26
ۋايداد ........................... 29
ئاھ، كەكلىكىم ........................... 34
ئاپتوبۇستىكى ئىلھاملار ........................... 39
تامچى توغرىسىدا مۇخەممەس ........................... 42
ۋاي ئىسىت، ئونبەش چۈجەم ........................... 48
پۇلنىڭ گېپى ........................... 54
سەن مەندەك بولالامسەن ........................... 58
بالىسەن، ھەي بالىسەن ........................... 62
ئوغرىغا مۇخەممەس ........................... 64
مېنىڭ ئېتىم ھەشەمەت ........................... 67
مەن نېمە بولدۇم ........................... 69
يامان بولىدۇ ........................... 71
ئۆلپەتلىرىم ........................... 73
ھە، دەپ قوي ........................... 76
بىلمىدىم ........................... 78


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەجەب ( غەزەل ) ................................ 82
سۈپۈرگەڭگە ................................ 85
بىر چاشقان ئۆلمەي تۇرۇپ ........................ 88
پىشتىم دەيسىز، خام دېسەك ........................ 92
بوۋاق دېسەك، بولۇپ چىقتى بىر كۈچۈك ........ 95
سىپلىقچى ................................ 99
يانچۇقۇم ................................ 101
ئارا ئۆستەڭدىن ئالغاچ① كەلگەن قوشاقلار ........ 103
كۆرۈك ................................ 106
شىبلىت ئىزدەش ئېلانى ........................ 108
ئىش ھەققىڭدىن تۇتىمەن ........................ 112
رېستوران ................................ 114
قەلەم ھەققى ................................ 116
توختىماك ................................ 118
ياخشىدى ................................ 120
يېزىلارنى بىلەمسىلەر، باشلىقلار ................ 122
كەلكۈن كەلگەندە ................................ 124
ياش ھاجىلار ................................ 126
بوپقاپسەن ................................ 128
بىرەر تونۇش بولمىسا ........................ 131
تېلېۋىزور ................................ 135
دەپتۇدەك ................................ 137

# تۇگىمەمدۇ شېئىر ئوغرىسى

كۆرۈپ قالدىم بۈگۈن، ۋاي تۇۋا؛
گېزىت بىلەن ژۇرنالدىن تەڭلا.
جاۋاب مەندىن، سوئال سىلەردىن،
ئۇچراتقىنىڭ نىمە ئۇ؟ دەڭلار.

باش - ئايىغى قەدىمدىن تونۇش،
ئۇچراشتىم مەن بىر شېئىر بىلەن.
كۆز ياش بىلەن باقتى ئۇ ماڭا،
باقتىم مەنمۇ بىر مېھىر بىلەن.

تۇرار ئىدى ئۇ مىسكىن ئەجەب،
تۇرقى خۇددى مېيىپنىڭ ئۆزى.
ماڭلىيىدا تارتۇقىمۇ بار،
ياشاڭغىراپ تۇرار بىر كۆزى.

بولدى زۇۋان شېئىردىن ماڭا،
مېنى تونۇپ، يىغلاپ - ھۆركىرەپ.

پەريادىدىن كېلەتتى بوران،
كۆز يېشىدىن قىيان گۈركىرەپ.

قايان كەتتىڭ شۈنچە يىللاردىن،
چۈشۈڭگىمۇ كىرمىدىڭمۇ مەن؟
يادىڭغا ئال، ئىگەم دەپ سېنى،
بۇ دۇنيادا يۈرمىدىممۇ مەن؟

قوي بولىدۇ قوزا چوڭ بولسا،
دەرەخ بولار مېۋە ئۇرۇقى.
شۇلارنىڭمۇ ئەجدادى ئەمما،
تېپىلىدۇ بولسا سورىقى.

كۆزدىن يىتسە بىرەر توخۇمۇ،
بولىدىغۇ ئۇنىڭ دېرىكى.
ئېيتچۇ، ئىگەم، شېئىرىڭنىڭيا،
يوقمۇ ئەمدى ساڭا كېرىكى؟!

مانا مېنى گېزىت - ژۇرنالغا،
كىمدۇر بىرى قايتا چىقىرىپ.
سودىگەر بوپ سالدى بازارغا،
ئۇنىمىسام، ھەيدەپ، ئىتتىرىپ.

يۈرەتتى ئۇ گېزىت ئاختۇرۇپ،
نېمىشقىدۇر خېلىدىن بېرى.

تۇمەنلىگەن شېئىرلار ئارا،
ماڭا چۈشتى كۆزىنىڭ قىرى.

قاراپ بېقىپ ماڭا بىر هازا،
چىرايىغا كۈلكە ياماشتى.
قۇلۇپلاندى ئىچىدىن ئىشىك،
ئاچقۇچ سېلىپ تارتمىنى ئاچتى.

ئايلاندى - دە، قەلەم پىچاققا،
باش - ئۇچامدىن سويغىلى تۇردى.
پەش - تۆشۇمنى پارچىلاپ بىر قۇر،
ئاق تېرەمگە قويغىلى تۇردى.

تەگمە، ماڭا، ئىگەم بار، دېسەم،
ۋالاقلىما، ئىگەڭ مەن! دېدى.
سەندەكلەرنىڭ تالايلىرىنى،
شۇنداق سويۇپ يېگەنمەن!» دېدى...

قورققان ئىدىم قاسساپمىكىن، دەپ،
شۈكۈر ئاللا، تىرىك تۇرىمەن.
شۈكۈر ئاللا، جېنىم تېنىمدە،
ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرىمەن.

كېيىن ئۇقسام، بۇ ئۇنىڭ مېنى،
ئاق قەغەزگە كۆچۈرگىنىكەن.

مەندىن، ئىگەم، سېنىڭ نامىڭنى،
ئەڭ دەسلەپتە ئۆچۈرگىنىكەن.

ئەھلى ئىكەن سېھىرگەرلىكنىڭ،
بىلەركەن ھەم گىرىمچىلىكنى.
يۇتار ئىكەن زۆرۈر بولغاندا،
سۆڭەك پېتى چاقماق يىلىكنى.

ھومايغانغا يېدىم تۆت كاچات،
ئۇستا ئىكەن سامسىپەزلىككە.
چۈشتى مانا ھۈنەرنىڭ چوڭى،
ئاققان كەسىپ — ساختىپەزلىككە.

بىر ۋەھىمە چۈشۈپ بېشىمغا،
قارىسىغا باقتىم كۆزىنىڭ.
قىلمىشىنى بايقىسام مېنى،
قىلىۋالماق بولدى ئۆزىنىڭ.

باغلاپ مېنى باستى جوزىغا،
نېمە چارە، ياتتىم تېپىرلاپ.
قۇش بالىسى مۈشۈك قولىدا،
زارلىغاندەك خۇددى ۋىچىرلاپ.

ۋارقىرىسام، ئىگەم نەدە؟ دەپ،
ئۆلتۈرىمەن، توۋلىما! دېدى.

ئۆزۈم ئىگە ئۆلۈكىڭگىمۇ،
ئاغزىڭنى يۇم، ھۇۋلىما! دېدى.

بەش كۆپلېتنى قىسقارتىپ تۆتكە،
باش كۆپلېتنى ئالدى ئاياغقا.
ئۇنىمىسام موللاق ئاتقىلى،
قانداق قىلاي، باستى تاياققا.

بار - يوقى تۆت - بەش ئېغىز سۆز،
«ئىجاد» قىلىپ ئارىلاشتۇرغىنى.
قاپىيەدە بولدى «كەشپىيات»،
«مەن» نى «سەن» گە ئالماشتۇرغىنى.

قۇيرۇقلىرى مىسرالىرىمنىڭ،
ئۇيان - بۇيان قايرىلدى تولغاپ.
يەتتى نۇقسان چېكىت - پەشكىمۇ،
ئۇپا - ئەڭلىك يۈزۈمنى بۇلغاپ.

تۇراقلىرىم قىڭغايدى بىر يان،
چىقتى ئىزدىن رىتىملىرىممۇ.
مىسرا ئاقساق، كۆپلېتلار ناكار،
مەنچە بولماس مېيىپ، يېتىممۇ.

قىستاپ ياتلىق قىلىنغان قىزدەك،
ئازابلاندىم، قىينالدىم راسا.


此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

تەسەللىگە تۇردى كۆپ چېكىت،
تايىنارغا ئۇندەشلەر ھاسا.

قۇيرۇقۇمنى چاپلىدى ئېلىپ،
يانپېشىمدىن شىلىپ گۆشۈمنى.
ساختىپەزلىك قىلدى جاراھەت،
ساقايماسقا تىلىپ تۆشۈمنى.

قاشلىرىمغا قويۇلدى ئۇسما،
قۇرلار رەڭگى تۇس ئالدى باشقا.
قىلدى تورۇق ئاتنى ئوغرىلاپ،
ياسىغاندەك بور بىلەن قاشقا.

ياكى ئاغرىق، ياكى ساق ئەمەس،
بىر ھال بىلەن تۇردۇم ئورنۇمدىن.
ئۆز نامىغا باغلىدى مېنى،
يېڭى ئاپتور تۇتۇپ بويىنۇمدىن.

ھەيران ئىدىم «قىزىل كۆز» دېسە،
دەيدىكەن دەپ قانداق ئادەمنى.
چامى يەتسە قىزىل كۆز دېگەن،
يۇتار ئىكەن پۈتۈن ئالەمنى.

يېڭى ئىگەم شۇنداق ئادەمكەن،
ساتىدىكەن پۇلغا ۋىجداننى.

سالدى مېنى پوچتىغا ئالداپ،
ھەم گېزىتنى ھەممە ژۇرنالنى.

ھەر ئىككىسى بېسىشتى مېنى،
مۇھەررىرمۇ بىخەۋەر قالدى.
ئۇلار ئۇقماس تەكتىمنى مېنىڭ،
بۇنى «شائىر» قەيەردىن ئالدى؟

كەلدى تەبرىك يېڭى ئىگەمگە،
ياغدى ئالقىش شائىرلىقىغا.
تالڭ قېلىشتى دوستلىرى مۇنچە،
تېز يېتىلگەن ماھىرلىقىغا.

تونۇغانلار چىقمىدى مېنى،
خۇش بۇنىڭدىن «يېڭى ئىگەم» مۇ.
ئاقىدىكەن توۋا خۇدايىم،
كېلىشتۈرسە ھۈنەر دېگەنمۇ.

«يېڭى ئىگەم» ئەزەلدىن شۇنداق،
ماھارەتلىك ئوغرىمىكىنتاڭ؟!
ئەيىبلەشكە چىقمىدى ھېچكىم،
شۇ ئوغرىلىق توغرىمىكىنتاڭ؟!

ناكار شېئىرىم دەرد تۆكتى ئۇزاق،
دېدى: «ئېيتسام تېخى گەپ تولا...»

قايىنمامدىم مەنمۇ بۇنىڭغا،
يىغىشتۇرسام ئەمما گەپ شۇلا.

ئېيتىڭلارچۇ قەلەمداش دوستلار،
تۇگىمەمدۇ شېئىر ئوغرىسى؟!
شائىرلىقتا، شائىرەلىكتە،
شۇمۇ ياكى يولنىڭ توغرىسى؟!

1983 - يىل 4 - ئاي، غۇلجا

# بۇلۇڭلارغا بىر نەزەر

(چاتمىلار)

## ئۇيالمامسەن

كىرىپ كەلدىم قىمىزخاناڭغا،
ساڭا دوستۇم، مۇبارەك ئېيتىپ.
قۇتلۇق بولسۇن، ئوڭلىنىپ قاپسەن،
يامان كۈنلەر بېشىڭدىن كېتىپ.

بىراق ئۇقسام، ياخشى كۈنلەرنىڭ،
ئىش تۇتماپسەن قەدرىگە يېتىپ.
زارلىنىدۇ سېنىڭدىن بۈگۈن،
قىمىزىڭدىن كۆرگەنلەر تېتىپ.

بىرى چىقتى ئەنە دۇكاندىن،
ئاچچىقلىنىپ پېشىنى قېقىپ.

«جاق!» قويۇلغاچ شىرەگە ئاپقۇر،
قالدى قىمىز چايقىلىپ، ئېقىپ.

بېيىغىنىڭ يەتمەمدۇ سېنىڭ،
ئىككى باھا قىممەتتە سېتىپ؟
ئۇيالماسەن باھا ئۇستىدىن،
قىمىزىڭغا يەنە سۇ قېتىپ؟!

## ئويلاپ سۆزلەڭ تەلۋە ئېغىزلار

«بۆرە» ئاتاپ ئوغۇل بوۋاقنى،
قىز تۇغۇلسا، دەيدىكەن «تۇلكە».
قىز تاپقاننى قوشلاپ، بەزىلەر،
ھېچ ھېيىقماي قىلاركەن كۇلكە.

پۇتۇلگەنمىش ئالتۇندىن گويا،
قىيامەتتە ئوغۇلنىڭ گۆرى.
قىز زاتىغا ئەمەسمىش مەنسۇپ،
قەلبلەردە ھۆرمەتنىڭ تۆرى.

قىزنى شۇنداق كەمستكەنلەرنىڭ،
قىز ئىدىغۇ ئەسلىي ئانىسى؟

ئويلاپ سۆزلەڭ تەلۋە ئېغىزلار،
سىزمۇ ئەسلىي قىزنىڭ بالىسى!

## بەرمىسەڭمۇ بەرمە قىزىڭنى

شەھىرىمىزدە بىر توي بۇزۇلدى،
مۇھەببەتكە ئۇنۇپ شۇم تىكەن.
بەرمەس بوپتۇ قىزنىڭ ئانىسى،
سەۋەب يىگىت سەھرالىق ئىكەن.

«ئىجاد» قىپتۇ ئۇقسام شۇنداقلار،
سەھرالىقنى «داڭگال» دېگەننى.
«كەشىپ» قىپتۇ يېزا - سەھرانى،
ئادەم تۇرماس «جاڭگال» دېگەننى.

تەكتى ئەسلىي بۇ شەھەرنىڭمۇ،
چۆل ئىدىغۇ، جاڭگال ئىدىغۇ؟
ئەسلەپ باقسۇن، ئاشۇ خېنىمنىڭ،
بوۋىسىمۇ «داڭگال» ئىدىغۇ؟!

شەھەر بولاي، دەپ قالدى يېزا،
كۆرمەي تۇرۇپ جاڭگال دېمىگىن.
بەرمىسەڭمۇ بەرمە قىزىڭنى،
سەھرالىقنى داڭگال دېمىگىن.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com